2019 ـ يىل 12 ـ ئاي

13

جۈمە

维吾尔文 12 月13日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65−0002/−W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24908 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


■ كېلەر يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات ئۈچۈن ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشتا، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش كېرەك

# مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ مۇھىم سۆز قىلدى لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، 2019 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. لى كېچياڭ سۆزىدە كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: بۇ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك ئېشىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى، تىزگىنلەندى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا مۇھىم قەدەم تاشلاندى، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاشتى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى كۆزلىمىدىكىگە ئۇيغۇن بولدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.





12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى راۋ ئەيمىن فوتوسى

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، بىزنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مۇقىملىق ئاساسدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەركەز ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىمىزدا. خىزمەت داۋامىدا، بىز بىر قىسىم مۇھىم تونۇشنى شەكىللەندۈردۇق: جەزمەن ماكرو سىياسەتنى تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سالمىقىنى ئىلمىي، پۇختا ئىگىلەپ، مىكرو سۇبيېكتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىنى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك؛ جەزمەن سىستېما نەزەرىيەسىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت قارىشىنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل نىشان ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك؛ جەزمەن ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىيات دۇچ كەلگەن تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇسىنى تۈگىتىشكە ماھىر بولۇپ، يوشۇرۇن ھالەتتىكى تەرەققىيات يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە دۆلەت ئىچى، خەلقئارا بازار رىقابىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك؛ جەزمەن خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىستېمىلىق خەۋپ ـ خەتەر يۈزبەرمەسلىك تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، قۇرۇلما خاراكتېرلىك، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، دەۋرىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، «ئۈچ مەزگىل گىرەلىشىپ كېتىش»نىڭ تەسىرى سىجىل چوڭقۇرلىشىۋاتقان بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايدى. نۆۋەتتە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى سىجىل ئاستىلاپ، يەنىلا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن كېيىنكى چوڭقۇر تەڭشىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنيادىكى چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ تېز ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەنلىشىپ، يەر شارىۋى داۋالغۇش مەنبەسى ۋە خەۋپ ـ خەتەر نۇقتىلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيمەكتە. بىز خىزمەت لايىھەسىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسدا ياخشىلىنىشىقا يۈزلىنىش، ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي يۈزلىنىشى ئۆزگەرمىدى. بىزدە پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان توپلىغان مول ماددىي تېخنىكا ئاساسى بار، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەمدىكى بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى بار، غايەت زور ئادەم كۈچى كاپىتالى ۋە ئىختىساسلىقلار بايلىقى بار، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولسىلا، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

## شى جىنپىڭ بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلارنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى





12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى بېيجىڭ 1 ـ ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلارغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى. بۇ، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شۈەنلياڭ)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېيجىڭ 1 ـ ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلارغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 50 مىنۇتلار ئۆتكەندە، ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئىمزالىغان شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرەيلى

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

ئەمدىلا يېپىلغان مەركەزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ئاچقان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. يىغىندا بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئەستايىدىل خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت چوڭقۇر ئانالىز قىلىنىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ بىزنىڭ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىزدا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك ئېشىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى مۆلچەردىكىگە ئۇيغۇن بولدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

كېلەر يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك، بۇ ھەم ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش مەزگىلى، ھەم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى بولۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش كېرەك.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)


ئامېرىكىنىڭ تۆھمەت قىلىشى، قارا چاپلىشىغا قارىتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا بىردەك مۇنداق بىلدۈردى —

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ

3 ـ بەتتە

خەلق گېزىتى چەت ئەل نۇسخىسىنىڭ ئىمزالىق ماقالىسى

شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە